# مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى 2019 ـ يىللىق «چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ئەڭ گۈزەل شەخس»لەرنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى ئېلان قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** پۈتۈن پارتىيەدە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇپ، يېڭىچە قىياپەت بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش پەيتىدە، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى پۈتۈن جەمئىيەتكە 2019 ـ يىللىق «چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ئەڭ گۈزەل شەخس»لەرنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلدى، ئېلان قىلدى.

بۇ قېتىم ئېلان قىلىنغان «چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ئەڭ گۈزەل شەخس»لەر يې شيۇڭ، ۋۇ گوچياڭ، ليۇ يۈنجۈن، ليۇ مىڭتىڭ، سۈن يى، لى شىيىڭ، ياڭ گۇەنمياۋ، چېن شيەن(ئايال)، چېن ياۋپىڭ، جوۋ يۈەنشياڭ، لو مىڭ، لو لياۋفۇ، لو يۈنچيەن، لۈ چىڭتاڭ، دۇەن يۈپىڭ، شى شىمىڭ(ۋاپات بولغان)، گو گۇيفاڭ، لياڭ نەنيۇ، فۇ شىن، گۇەن يەنپىڭ(ئايال)دىن ئىبارەت 20 ئىلغار شەخس ۋە خۇبېي ئىجتىمائىي پەن ـ تەبىئىي پەن شۆيۈەنى «كېسان گۈلى» مائارىپقا ياردەم بېرىش ئەترىتىدىن ئىبارەت بىر كوللېكتىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، بەزىلىرى پارتىيە، هۆكۈمەت كادىرلىرى بولۇپ، ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى چىڭ ساقلاپ، ئىسلاھات، تەرەققىياتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن بىر جايدىكى پۇقرالارغا مۇلازىمەت قىلىپ، خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش خىسلىتىنى نامايان قىلىپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن؛ بەزىلىرى سىياسىي ـ قانۇن كادىر ـ ساقچىلىرى بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش ئارقىلىق تىنچ جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي چوڭ ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان، ئىجتىمائىي ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ئىلگىرى سۈرگەن، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلغان؛ بەزىلىرى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئۈلگە بولۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئىلىم تىكلەپ، ئەخلاق ئارقىلىق تەربىيە بېرىپ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچى ئۈچۈن غايە نۇرلۇق چىرىغى ياندۇرۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتۇپ بەرگەن؛ بەزىلىرى تېببىي خادىم بولۇپ، «دوختۇرلار مېھرىبان بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىپ، ئاغرىق ـ سىلاقلارنى داۋالاپ، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمىتى ئارقىلىق مىللىي، چېگرا رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ ساغلاملىقى، بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرغان... ئۇلار ئەمەلىي هەرىكىتى ئارقىلىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى ۋە چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش ئىدىيەسىنى جانلىق شەرھلەپ، شىزاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان، چىڭخەيگە نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كەڭ كادىرلار ۋە چېگرا رايونغا ياردەم بېرىۋاتقان نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ياخشى روهىي قىياپىتىنى نامايان قىلغان.

ئېلان قىلىش مۇراسىمى نەق مەيداندا «چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ئەڭ گۈزەل شەخس»لەرنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى توغرىسىدىكى قىسقا سىن فىلىمى قويۇلدى، ئوخشاش بولمىغان ياندىن زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش تەسىراتى بايان قىلىندى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى مەسئۇل يولداش ئۇلارغا «چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ئەڭ گۈزەل شەخس» گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

ئېلان قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان كادىرلار، ئامما مۇنداق بىلدۈردى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روهىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ئەڭ گۈزەل شەخس»لەرنى ئۈلگە قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەهكەملەپ، كۆتۈرەڭگۈ روهىي هالەت ۋە كۈرەش هالىتى بىلەن مىللىي، چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، ئومۇميۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا هەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئۇلۇغ ئىشلىرىغا پائال ئاتلىنىپ، ئالدىنقى قاتاردىكى نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش كېرەك.

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلگە هۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش ۋە ئۇنىڭدا غەلىبە قىلىشتا ئالدىدا مېڭىش، ئۈلگە بولۇش، تۆھپە قوشۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلگە هۇجۇم قىلىش هەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ هەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، شەھەرگە هۇجۇم قىلىپ ئىستىھكامنى ئېلىش ئاچقۇچلۇق تۈگۈن نۇقتىسىغا كىردى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، شىمالىي شىنجاڭ تەۋەلىك رايوننىڭ هەرقايسى جايلىرىدىكى نامرات ئاممىنى يەيدىغاندىن غەم قىلدۇرماسلىق، كىيىدىغاندىن غەم قىلدۇرماسلىق مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن هەل بولغان، بىراق «ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تە يەنە ئاز بولمىغان ئاجىز هالقىلار بار. جەزمەن سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيە ۋە هەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلگە هۇجۇم قىلىش تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ئۆتكەلگە هۇجۇم قىلىش بىرىكمە كۈچىنى توپلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلگە هۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەتئىي ياخشى ئورۇنداش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى هەل قىلىش ۋە تۈزىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلگە هۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتىكى مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، دىققەتنى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي هۇجۇم نىشانىنى چىڭ ئىگىلەپ، نىشان ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلگە هۇجۇم قىلىش دائىرىسىنى خالىغانچە كېڭەيتىۋېتىش، نامراتلارنى يۆلەش ئۆلچىمىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈۋېتىش خاهىشىنى قەتئىي يېڭىپ، دىققەت نۇقتىسىنىڭ چېچىلىپ كەتمەسلىكى، نىشان مەركىزىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سىياسەت ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، رايونلار تەرەققىياتى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلگە هۇجۇم قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا، ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، دائىملىق خىزمەتلەرنى نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنىڭ، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق سىياسىتىنى ئالاهىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، باشقا تۈرلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلگە هۇجۇم قىلىش بىلەن «چېتىپ» يولغا قويۇش كېرەك. دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، كەنت، ئائىلە، ئادەمگە قاراپ تەدبىر قوللىنىشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەشتە دەل جايىدا يۆلەش، مەنبەدىن يۆلەش كېرەك. «قايتا قاراپ چىقىش»نى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، تۈزىتىش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تەكشۈرۈش، يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىش، چۈشۈپ قالغان تۈرلەرنى تولۇقلاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دەل جايىدا مەسىلىنى هەل قىلىش، دەل جايىدا ئاساسىنى پۇختىلاش، دەل جايىدا مۇستەهكەملەش، ئۆستۈرۈش، دەل جايىدا كاپالەتلەندۈرۈش، قوللاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلگە هۇجۇم قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشكە، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغا سىلجىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ناھىيەلىك پارتكوملارنىڭ «بىرىنچى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى»لىق رولى ۋە ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىلىرىنىڭ «بىرىنچى سەپ باش قوماندانى»لىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، نازارەت قىلىش، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەگە، خەلققە، تارىخقا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روهى بىلەن نىشانىنى چىڭ ئىگىلەپ، بىرلا غەيرەت قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلمىغىچە جەڭنى ھەرگىز توختاتماي، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلگە هۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

### 24 دۆلەتنىڭ تاراتقۇ مۇخبىرلىرى شىنجاڭدا زىيارەتتە بولدى

# جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى هېس قىلدى ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

■ **قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى قۇۋۋەتلىدى**

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر، زوراۋان ـ تېررورچى كۈچلەر(«ئۈچ خىل كۈچ») جۇڭگو شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم چاتما زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسىنى پىلانلاپ هەم تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ـ ئىناق تەرتىپىگە، ئىنتىپاق ـ ئالغا باسقان كەيپىياتىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى شىنجاڭدىكى هەر مىللەت ئاممىنىڭ ياشاش هوقۇقى، ساغلاملىق هوقۇقى، مال ـ مۈلۈك هوقۇقى ۋە تەرەققىيات هوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك هوقۇقلىرىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلدى.

شىنجاڭ خەلقئارا يىغىن ـ كۆرگەزمە مەركىزىدە شىنجاڭدىكى ئۇقتىلىق زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو مىساللىرى كۆرگەزمىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، رۇسىيە «كومسوموللار ھەقىقىتى گېزىتى» خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئېدۋارد ئوتاكارلوۋىچ چېشنېكوۋ مۇنداق دېدى: «رۇسىيەمۇ تېررورىزمنىڭ خەۋپىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، تېررورىزم پۈتۈن يەر شارى ئورتاق دۇچ كېلىۋاتقان تەھدىت، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش هەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسى».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ «زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش»تا چىڭ تۇرۇپ، هەم قانۇن بويىچە ئاز ساندىكى ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشكە ئەهمىيەت بېرىپ، هەم مەنبەدىن تۈزەشكە ئېتىبار بېرىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق هەرىكەتلىرىنى يۈزبېرىشتىن ئىلگىرى يوقاتتى. هازىرغىچە، شىنجاڭدا ئۇدا 30 ئاي زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈزبەرمىدى.

«تېررورىزم ئۆزبېكىستاندىمۇ مەۋجۇت، دۆلىتىمىز هۆكۈمىتىنىڭ پوزىتسىيەسى قەتئىي زەربە بېرىش ۋە يوقىتىش. جۇڭگو هۆكۈمىتىنىڭ تېررورىزمغا قارىتا قوللانغان ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرىدىكى تەدبىرى ئۈنۈمگە ئېرىشتى، 30 ئاي زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەسى يۈزبەرمەپتۇ، بۇ، بىزنىڭ ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ» دېدى ئۆزبېكىستان مۇخبىرلار جەمئىيىتى فەرغانە ئوبلاستى شۆبە جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋوبىدوۋ مۇھەممەد دولويىموۋىچ.

■ **تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى چېگرا سىرتىدىكى ئەيىبلەشلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغانلىقىنى بىلدۈردى**

تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش مۇھىتى ۋە تۇپرىقىنى تۈپتىن يوقىتىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق هەرىكىتىنى يۈزبېرىشتىن ئىلگىرى يوقىتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ كەسپىي ماهارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەسپىي ماهارەت تەلىم ـ تەربىيە ئاپپاراتلىرىنى ۋاستە، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىش، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، كەسپىي ماهارەت ئۆگىنىش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى يېتەكچى قىلغان تەلىم ـ تەربىيە ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى.

هالبۇكى، چېگرا سىرتىدىكى بەزى كۈچلەر ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، پاكىتنى بۇرمىلاپ، شىنجاڭنىڭ كەسپىي ماهارەت تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى ئەيىبلىدى، قارىغۇلارچە سۆكتى.

بۇ قېتىمقى زىيارەتتە، كۆپ دۆلەت مۇخبىرلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يېڭىشەھەر ناھىيەلىك، ئاتۇش شەھەرلىك، ئونسۇ ناھىيەلىك، قاراقاش ناھىيەلىك كەسپىي ماهارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دەرسنى سىرتتىن ئاڭلىدى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ياتاقلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى كۆردى هەم نۇرغۇن تەربىيەلەنگۈچى، ئوقۇتقۇچىدىن دەرس تەسىس قىلىش، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇش، ياتاق ـ تاماق ۋە داۋالىنىش كاپالىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىدى. يېقىن ئارىلىقتا ئۇچرىشىش، هېس قىلىش ئارقىلىق، كۆپ دۆلەت مۇخبىرلىرى شىنجاڭنىڭ تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكىنى، چېگرا سىرتىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ بۇ خىزمەتنى ئەيىبلىشىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغانلىقىنى بىلدۈردى.

«كەسپىي ماهارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى بىر مەكتەپ، ئاتالمىش ‹جازا لاگېرى› ئەمەس.» ئىتالىيە «كەچلىك پوچتا گېزىتى» خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى پاۋلو سارون مۇنداق دېدى: «بۇ يەردە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسلانغاندا، بۇ يەردىكى تەربىيەلەنگۈچىلەر قانۇن ـ نىزاملارنى ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە كەسپىي ماهارەت ئۆگىنىپ، زامانىۋى جەمئىيەتكە تېخىمۇ ياخشى ماسلىشىپتۇ، گۇمانلىنىشقا بولمايدۇكى، تەربىيەلەش ئارقىلىق ئەسەبىيزم ئۈستىدىن غالىب كېلىش توغرا ئۇسۇل ئىكەن».

«مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ ھەرگىزمۇ ‹جازا لاگېرى› ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىدىغان مەكتەپ ئىكەن.» سەئۇدى ئەرەبىستان «ئۇكاز گېزىتى» مەككە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئابدۇل ئەزىز رابىيىن مۇنداق دېدى: «مەن بۇ يەردە زىيارەت قىلغان كىشىلەرنىڭ چېھرىدىن چىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان تەبەسسۇمنى كۆردۈم، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىشتىن ئىنتايىن رازى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ».

تۈركىيە «نۇر گېزىتى»نىڭ باش دېرىكتورى تۇنچ ئاكچى مۇنداق دېدى: «كەسپىي ماهارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش جەھەتتە دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەرنى ئۈلگە بىلەن تەمىنلىدى».

■ **ئاھالىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ قوغدالغانلىقىنى هېس قىلدى**

شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، هەرقايسى دۆلەت مۇخبىرلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى، قەشقەر شەھىرى هېيتگاھ مەسچىتى، خوتەن شەھىرى جامە مەسچىتى، ئاقسۇ شەھىرى رەستىجامە مەسچىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى هەم شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى، هەرقايسى مەسچىتلەردىكى دىنىي خادىملاردىن دىنىي خادىملارنىڭ تەربىيەلىنىشى، دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ سانى ۋە مەسچىت قۇرۇلۇشى، قوغدىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى سورىدى.

سەئۇدى ئەرەبىستان «ۋەتەن گېزىتى» ئېقىم مەسىلىلىرى بېتىنىڭ باش مۇھەررىرى خالىد سالىھ مۇنداق دېدى: «مېنىڭچە، جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلار تولۇق ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇپ دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ، ھەرگىزمۇ بەزى تاراتقۇلارنىڭ ‹بەزىلەر جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ناماز ئوقۇشىغا بېسىم ئىشلىتىۋاتىدۇ، كاشىلا قىلىۋاتىدۇ› دېگىنىگە ئوخشىمايدىكەن. مەن بۇ يەردە شۇنى كۆردۈمكى، بىرمۇ ئادەم دەخلىگە ئۇچرىماپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇۋېتىپتۇ».

ئىران داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى ئاگېنتلىقى مۇخبىرى، قوشۇمچە ئىنگلىز تىلى تەرجىمانى سەئىد سەيىيدە هاشىمى مۇنداق دېدى: «جۇڭگو هۆكۈمىتى ئاھالىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوللايدىكەن، كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى تاللاش ئەركىنلىكى بار ئىكەن».

زىيارەت ئۆمىكى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى مۇقام سەنئەت ئۆمىكى، قەشقەر شەھىرى كونا شەھەر قول هۈنەرۋەنچىلىك بازىرى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى قىرغىز كەشتىچىلىكى تەتقىقات مەركىزى، خوتەن شەھىرى جىيا يېزىسى ئەتلەس زاۋۇتى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، زىيارەت قىلىپ، ئارتىسلار، خىزمەتچى خادىملار، قول هۈنەرۋەنلەر، ئەتلەس توقۇش، كەشتە ئىشلەش ئىشچىلىرى بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى.

تايلاند تور ئىجتىمائىي ئالاقە تاراتقۇسى www.salika.co نىڭ رەئىسى ساچا پرودېپاك مۇنداق دېدى: «جۇڭگو هۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى قوغداۋېتىپتۇ، مەسىلەن، بىز هۇزۇرلانغان ئۇسسۇل، مۇزىكا نومۇرلىرى جۇڭگونىڭ هەقىقەتەنمۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشنى قوغداۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئىنتايىن ياخشى ئەمەلىي مىسال».

هىندىستان ئەلچىخانا ئاخبارات تېلېۋىزىيە تورىنىڭ مەسئۇلى سەئىد جاۋاد شىنجاڭ چوڭ تىياتىرخانىسىدا مىللىيچە ئۇسسۇللۇق دراما «غەربىي يۇرتقا مىڭ قېتىم قايتىش»نى كۆرگەندىن كېيىن، تارتىۋالغان نومۇرلارنىڭ سۈرەتلىرىنى ئىجتىمائىي ئالاقە تاراتقۇسىدا ئېلان قىلىپ، ئىككى سائەتتىلا 300دىن ئارتۇق هىندىستانلىق توردىشىنىڭ ئىنكاسىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ كۆپ خىل مەدەنىيەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رايون ئىكەن، بۇ يەرنىڭ مەدەنىيىتى كىشىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدىكەن».

■ **ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغانلىقى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۈنسېرى ياخشىلانغانلىقى، ئېكولوگىيەنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەنلىكىدىن هاياجانلاندى**

زىيارەت ئۆمىكى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى چوڭ بازار مەنزىرە رايونى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمە باغچىسى، قەشقەر ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولدى هەم قەشقەر شەھىرى، خوتەن ناھىيەسى، ئۇلۇغچات ناھىيەسى قاتارلىق جايلاردىكى نۇرغۇن يېزا ـ كەنت نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇتىدا ئاھالىلەرنىڭ ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشقانلىقىدەك مەنزىرىنى كۆردى. كۆپ دۆلەت مۇخبىرلىرى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇچقاندەك تېز بولۇۋاتقانلىقى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۈنسېرى ياخشىلانغانلىقى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىدىن هاياجانلاندى.

ئىلگىرى كۆپ قېتىم شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلگەن ۋوبىدوۋ مۇھەممەد دولويىموۋىچ مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى كۈندىكى شىنجاڭدا زامانىۋىلاشقان زاۋۇتلار بار ئىكەن، ئۇل ئەسلىھەلەرمۇ بىرقەدەر مۇكەممەللىشىپتۇ. هۆكۈمەت پۇقرالارنى قوللاش بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنى ياخشى ئۆيدە تۇرىدىغان، زاۋۇتتا ئىشقا ئورۇنلىشالايدىغان، مۇقىم مائاش ئالىدىغان قىلىپ، كەلگۈسىگە نىسبەتەن تولۇپ تاشقان ئىشەنچكە ئىگە قىپتۇ».

پاكىستان دۆلەت تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئېقىم مەسىلىلىرى بۆلۈمىنىڭ رىياسەتچىسى ئابلا ناسىم ۋارا مۇنداق دېدى: «مەن هۆكۈمەتنىڭ بەزى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنى، جۈملىدىن يول، دوختۇرخانا، ساياھەتچىلەر مەركىزى قاتارلىقلارنى ياساۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، يەنە زاۋۇتتا هۆكۈمەتنىڭ كىشىلەرنى ئىش ئورنى ۋە ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم».

ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ئورنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئېدۋارد ئوتاكارلوۋىچ چېشنېكوۋ مۇنداق دېدى: «سۈرەتتىكى بۇ يەر ئىلگىرى قۇملۇق ئىكەن، مەن جۇڭگو هۆكۈمىتى ۋە ئاھالىلىرىنىڭ بىرلىكتە چۆللۈكنى يېشىل دالىغا ئايلاندۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، كىشىلەر مۇشۇنداق يېشىل مۇھىتتا ياشىسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ».

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)